# خوتەن يەرناملىرىدىكى ئەپسانە - رىۋايەت ئامىللىرى

ئابدۇللا سۇلايمان

(مەكتىپىمىز فىلولوگىيە پەنلىرى پروفېسسورى)

[摘　要]本文结合和田地名，具体分析了其间的思想内容和神话元素。

[关键词]地名；神化；内容

خوتەن يەر ناملىرىنى بىۋاسىتە ئىپادىلىگەن ياكى شۇ نامنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاجايىپ گۈزەل ئەپسانە - رىۋايەتلەر بار. بۇ ئەپسانە رىۋايەتلەر خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ئۆتۈپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇلاردا مەلۇم يەر نامىنىڭ قويۇلۇشى؛ كەنت - مەھەللىلەر، شەھەر - قەلئەلەر، ئۆستەڭ - تۇغانلارنىڭ بىنا قىلىنىشى؛ باھادىر ئەزىمەتلەرنىڭ يۇرتىغا بولغان سۆيگۈ - مۇھەببىتى، خەلقىمىزنىڭ تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش ئىستىكى قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن.

قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدىكى «تاغ - دەريالار قامۇسى» ناملىق كىتابتا «غەربكە بېرىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش»، «تاشپاقا بىلەن يىلاننىڭ قاشتاش تالىشىشى» قاتارلىق ئەپسانىلەر بار. بۇ بەلكى خوتەن نامى بىلەن باغلانغان ئىپتىدائىي ھېكايەتلەر بولسا كېرەك. بۇ ئەپسانىلەردە «قارا قۇرۇم»، «قاشتېشى»، «يۇرۇڭقاش دەرياسى»، «قاراقاش دەرياسى» قاتارلىق ناملار بولۇپ، تەڭرىنىڭ ئۇمايغا قاشتېشى تارتۇق قىلغانلىقى ۋە ئۇنى ئىككى دەرياغا تاشلاتقۇزغانلىقى سۆزلىنىدۇ. ئالدىنقى ئەپسانىدىكى «ئۇماي» ئىلمىزدە كەڭ تارقالغان ئەپسانە بولۇپ، خەنزۇچە مەنبەلەردە «شى ۋاڭمۇ» (西王母) دەپ ئاتالسا، ھىندىستان ئەپسانىلىرىدە «ئۇما»، تۈرك ئەپسانىلىرىدە «ئۇماي» دېيىلىدۇ. بىزدە ھېلىغىچە «ھۇما»، «ھۇما قۇشى» دېگەندەك سۆز ۋە سۆزلەم ئارقىلىق شەرق، غەربتە مەشھۇر بولغان بۇ ئەپسانىدىكى كارامەتلىك شەخس - بۈيۈك ئانىغا، ئۆمۈرگە، بەخت سائادەتكە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئالىملارنىڭ تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، «غەربكە بېرىپ ئۇمايغا ئىلتىجا قىلىش» قاتارلىق «ئۇماي» غا مۇناسىۋەتلىك ئەپسانىلەرنىڭ تۇنجى نۇسخىسى قاراقۇرۇم (喀喇昆仑) تاغ رايونىدا پەيدا بولغاچقا، خوتەننى ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن ياشىغان قەدىمكى يۇرتلارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

«چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى»، «پەرھاد ئۆستىڭى ئەپسانىسى»، «خوتەن» نامى توغرىسىدا ئەپسانە - رىۋايەتلەر» (بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ۋارىيانتلىرى ئوخشىمايدىغان ئون نەچچە خىل ئەپسانە - رىۋايەت بار) قاتارلىقلاردا، «خوتەن» نامىنىڭ ھەر قايسى قوۋم - قەبىلىلەرنىڭ تۇتېمى، ئېتىقادى، تىلى، ئۆرپ - ئادىتى جەھەتلەردىكى پەرقلەرگە ئاساسەن قويۇلۇشى، مەنىسى، دائىرىسى ھەققىدە ھېكايەتلەر سۆزلىنىدۇ. ئۇلاردا ساددا تەبىئەت قارىشى، ئالەم قارىشى ئەكس ئەتكەن بولۇپ، بۇ ئەپسانىلەردىكى ئاز بىر قىسىم شەخسلەر، ۋەقە - ھادىسىلەر ھەر خىل يېزىقلاردا پۈتۈلگەن تارىخىي يازمىلاردا ئۇچرايدۇ.

خوتەن يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر ھازىرقى مەمۇرىي دائىرە بولغان ناھىيە، يېزا، كەنت - مەھەللە ناملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى بۇ نامنىڭ قويۇلۇشىغا سەۋەب بولغان مەلۇم تارىخىي شەخس، مەلۇم ۋەقە بىلەن تەبىئىي باغلانغان. خوتەن يەر ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك بۇ ئەپسانە - رىۋايەتلەرنى مەزمۇن جەھەتتىن تۆۋەندىكىدەك ئايرىشقا بولىدۇ:

## 1. يەر نامى قىلىنغان ئىپتىدائىي، دىنىي ئېتىقاد مەزمۇنىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر

ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئېتىقادىدا «كائىناتتا روھ بار» دېگەن قاراش بار ئىدى. ئۇلارنىڭ شەيئىلەرنى بىلىش شەكلى خىيالغا ئاساسلىنىش بولۇپ، «كىشىلەرنىڭ ئادەمنى جىسىم بىلەن روھتىن تەركىب تاپقان» دەپ ئايرىشى بىلەن جىنلار پەيدا بولدى. ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئادەمنى تەبىئەتكە باغلىشى بىلەن تەبىئەتتىكى نەرسىلەرگە چوقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئالايلۇق، ئاسمان ئىلاھى، يەر ئىلاھى، شامال - بوران ئىلاھى، يامغۇر ئىلاھى، ئۇچار قۇشلار ئىلاھى، دەرەخ ئىلاھى قاتارلىقلارغا چوقۇنۇش، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلەرگە — ئىشىك ئىلاھىغا چوقۇنىشمىز كېلىپ چىقتى. دېمەك، روھقا چوقۇنۇش، ئەجدادلارغا، تەبىئەتكە، خىسلەتلىك نەرسىلەرگە چوقۇنۇش، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئەكس ئېتىپلا قالماي، ئۇلار تەرىپىدىن توقۇلغان ئەپسانە - رىۋايەتلەردىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دە ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن بىرمۇنچە ئەپسانە - رىۋايەت

خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە «قۇستانا - چاشتانا (يەر ئەمچىكى) ئەپسانىسى»، ھازىرقى «خوتەن» نامىنىڭ سانسكرىت تىلىدىكى ئاتىلىشىدۇر. بۇ ئەپسانىنىڭ بۇددا ھېكايىسىغا ئايلاندۇرۇلىشىدىن ئىبارەت بىر قات پەردىسىنى ئېلىپ تاشلىغاندا، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان «يەر ئەمچىكى پادىشاھى» ئەمەلىيەتتە ئايال بولۇپ، يەر ئانىغا چوقۇنۇشنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. بۇلاردىن باشقا «ئارۇخاتۇننىڭ پادىشاھقا نەسىھەت قىلىشى»، «ئايال سۇ مۇئەككىلىنىڭ جورا تەلەپ قىلىشى» قاتارلىق ئەپسانىلاردىمۇ «ئۇدۇن» پادىشاھىنىڭ ئىلاھ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ مەدھىيىلىنىشى، ئىپتىدائىي ئېتىقاد - چوقۇنۇشلىرىنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر.

**2. مەلۇم دائىرىگە قويۇلغان يەر نامىنى بىۋاسىتە ئىپادىلەيدىغان، ئەپسانە - رىۋايەتلەر**

بۇ جەھەتتە خەلق ئارىسىدا تارقالغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر خېلى كۆپ بولۇپ، بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان، ئەمما ئاشۇ نامغا بىۋاسىتە باغلىنىدىغانلىرىمۇ، ۋارىيانتلىرى ئوخشىمايدىغانلىرىمۇ بار. بۇلار ئىچىدە «خوتەن» نامىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىدە جۇغراپىيىلىك دائىرە، چارۋىچىلىق ۋە ئولتۇراقلىشىش ئادىتىنى مۇجەسسەم قىلغان تۆۋەندىكى ئەپسانىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

«قەدىمكى زامانلاردا ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھايات ئېلىپ بارغان تەبىئىي ياشام ئورنى ئىككى سۇ (يۇرۇڭقاش ۋە قاراقاش دەريالىرى) ئارىلىقى ئىكەن. ئۇ چاغدىكى كىشىلەر سۇنى بويلاپ ئورۇنلىشىپ، چارۋا بېقىپ ئۆتكەنىكەن. ئۇلار شارائىتى ئەۋزەل بولغان بۇ ئىككى سۇ ئارىلىقىدا ئۆزلىرىگە چېدىر ۋە كەپە ئۆيلەرنى، چارۋىلىرى ئۈچۈن قوتانلارنى ياساپتۇ. ئۇلار ماللىرىنى كېچىلىرى بۇ قوتانلاردا ساقلاپ، كۈندۈزلىرى تاغ - جاڭگاللاردا يايلىتىپ باقىدىكەن. تۇراسىنىڭ ناملىرى شۇ چاغدىكى ئومۇمىي ئەۋزەللىك بويىچە ‹قوتان› ياكى ‹قوتانلىق› دەپ ئومۇملاشقان بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئورۇندىن چىققانلىقلىرىنى ‹قوتاندىن چىقتىم› ياكى ‹قوتاندىن كەلدىم›؛ قوتان تەرەپكە كىرگەنلىكلىرىنى بولسا ‹قوتانغا كەلدىم› ياكى ‹قوتانغا كىردىم› دەپ ئاتىشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ بۇ يەرنىڭ نامى ‹قوتان› دەپ كۆلەملىشىپتۇ. ھازىرقى ‹خوتەن› دېگەن ئىسىم ئەنە شۇ ‹قوتان› ئىسمىدىن مۇھەررەب بولغانىكەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئادەملەر كۆپىيىپ، بۇ ‹قوتانلىق› نىڭ ئورنىنى ئادەملەر كەڭ دائىرىدە ئىگىلەپ ئابادلىق شەكىللىنىپتۇ. كىشىلەر تۇرمۇش شەكلىنى كېڭەيتىپ، ھۈنەر - سەنئەتلىك بازارلارنى ۋە شەھەر بىنالىرىنى بەرپا قىپتۇ. كىشىلەرنىڭ ھايات يايمىلىرى ۋە ياشايدىغان زېمىن كۆلەملىرى بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئىككى سۇ ئارىلىقىدىن ھالقىپ، قايناق بوستانلىقلارنى بەرپا قىپتۇ. شۇ كەملەردىن تارتىپ كېيىنكى خېلى زامانلارغىچە بۇ كەڭلىكلەردىكى خەلقلەرنىڭ جەلپ بولىدىغان بازىرى يەنىلا ئىككى سۇ ئارىلىقىدىكى شەھەر - ‹قوتان› ئىكەن».

گەرچە بۇ ئەپسانىدىكى «قوتان» سۆزىنىڭ «خوتەن» گە ئۆزگىرىپ ئۆزلەشكەنلىكىنى فونېتىكىلىق ياكى لېكسىكىلىق ئۆلچەملەر جەھەتتە ئىسپاتلاشقا بولمىسىمۇ، شۇنداقلا «قوتان» سۆزىنىڭ ھازىرقى ئىستېمالى ھايۋانلارنى سولايدىغان ئورۇن (ئېغىل) نى كۆرسىتىدىغان مەنىدە كېلىدۇ. بۇ ئەپسانىدىن «ئىككى سۇ ئارىلىقى» دا ئىنسانلارنىڭ ماكان تۇتۇپ ياشىغانلىقى، چارۋىچىلىق - يايلاق مەدەنىيىتىدىن ئولتۇراقلىشىش — شەھەرلىشىش مەدەنىيىتىگە كىرگەنلىكىدىن ئىبارەت تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىغا ئائىت ئۇچۇرلارغا ئىگە بولىمىز.

**3. مەلۇم جاينىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئارقىلىق يەر نامىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە - رىۋايەتلەر**

خوتەن رايونىدىكى يەر ناملىرى ئىچىدە تاغ - دەريالار، بولۇپمۇ دەريا - ئېقىنلارنىڭ ئەسىرلەر داۋامىدىكى ئېقىشىدىن ھاسىل بولغان ئارالچە، جىلغا، قىر - دۆمبەللەر تىزمىلىرىدىن تۈزۈلگەن پارچە بوستانلىقلار ۋە كەڭ كەتكەن تەبىئىي تۈزۈلۈشلەرگە ئاساسەن قويۇلغان ناملار بىر قەدەر كۆپ. بۇ خىل ناملار مەلۇم كىچىك دائىرىنىمۇ ياكى ئۇزۇن مۇساپىلىك جايلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، «كېرىيە» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئون نەچچە ئەپسانە - رىۋايەت بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرىدە ئەنە شۇ نامنى كېرىيىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشقان كۆچمەنلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرسە، بەزىسىدە قەدىمكى خوتەن تىلى ۋە جانلىق تىلىمىزدىكى بوغۇم تاشلاش ۋە بوغۇم قوشۇپ تەلەپپۇز قىلىشقا باغلايدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە: «ئەڭ دەسلەپ كېرىيە بوستانلىقىدا ئولتۇراقلاشقانلار دەريانىڭ ئەتراپىنى ئېچىپ تېرىغانىكەن. كېرىيە دەرياسى چوڭقۇر ئويۇلۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئېتىزلار يار ئەتراپىغا مەركەزلەشكەن ئىكەن. يەرلىك تىلدا ئېتىز ‹قىر› دېيىلگەچكە، ‹ئېتىز قېشىدىكى يار› دېگەن مەنىدە ‹قىريا› دەپ ئاتىلىپ، كېيىنچە ‹كېيا› بولۇپ قالغان ئىكەن» دېگەن بۇ رىۋايەت دەرۋەقە كېرىيە دەرياسى ئېقىنىنىڭ جەنۇبىتىن شىمالغا ئېقىش داۋامىدىكى ئوكلۇن پەرقى سەۋەبىدىن دەريا ئېقىنلىرىنىڭ قۇمساڭغۇ تۇپراقنى يالاپ ئېقىتىۋېرىشى نەتىجىسىدە ئېقىن ساھىللىرىدا يار ھاسىل بولغاچقا، كىشىلەرنى ھازىرقى «كېرىيە» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى رىۋايەتتە سۆزلەنگىنى بىلەن ئوخشاش ئىكەن دېگەن قاراشقا كەلتۈرىدۇ.

**4. ئاھالە نۇقتىلىرى، شەھەر - قەلئە، لەڭگەر - راباتلارنىڭ بىنا قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئەپسانە - رىۋايەتلەر**

مەلۇمكى، خوتەننىڭ ئەھۋالى خاتىرىلىنىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەڭ بۇرۇنقى خەنزۇ تىلىدىكى تارىخىي كىتاب «تارىخىي خاتىرىلەر» دە: «جاڭ چيەننىڭ ياندىش ئەلچىلىرى پەرغانە، سوغدىيانا، باكتېرىيە، توخۇرلار، ئارساك، ئەنەتكەك، ئودۇن، ئۇزۇنتات قاتارلىق بەگلىكلەرگە بارغان»، دېگەن بايانلار بار. ياپونىيىلىك غەربىي يۇرت تەتقىقاتچىسى يوشى لياۋدى بىلەن ئېلىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۇاڭ ۋېنبى ئارخېئولوگىيىلىك دەلىللەش ئارقىلىق، ئودۇننىڭ بەگلىك بولۇپ قۇرۇلغان ۋاقتى ئاسۇكا دەۋرىگە، يەنى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 242 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىگە، يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. دەپ ھېسابلىغان. بۇلاردىن قارىغاندا، قەدىمكى خوتەندە ئاھالە نۇقتىلىرى، شەھەر ـ قەلئەلەر ئودۇن بەگلىكى قۇرۇلۇشتىن نەچچە ئەسىرلەر ئىلگىرىلا بارلىققا كەلگەن. فولكلورنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ژانىرلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى بولسا تېخىمۇ ئۇزۇن. مەيلى خاتىرىگە ئېلىنىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر بولسۇن، ياكى خەلق ئىچىدە تارقىلىپ كېلىۋاتقانلىرى بولسۇن، ئۇلاردا تارىخىي رېئاللىقنىڭ پارچىسى، تارىخنىڭ كۆلەڭگىسى ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

«بۇرۇنقى زاماندا، سىرتتىن كەلگەن بىر تۈركۈم كۆچمەن كېرىيەنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى تېخى ئېچىلمىغان يەرنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇراقلىشىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قورallىرى بولمىغاچقا، جەڭدە ئىشلىتىدىغان نەيزە بىلەن يەرنى چوقۇلاپ بوز يەر ئېچىپ دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىلەر ‹چوقۇلاش› دەپ ئاتىلىپتۇ. چوقۇلاش جەمەتىدىكىلەر شۇلارنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. بۇ كەنتمۇ ‹چوقۇلاش› مەنىسىدە ‹چوقلا› دەپ ئاتالغان ئىكەن»، دېيىلگەن رىۋايەتتىن مۇنداق ئۈچ‌ئۈرگا ئېرىشكىلى بولىدۇ: (1) ئاھالە نۇقتىسىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقى، (2) ئاھالىسىنىڭ دېھقانچىلىققا قەدەم قويغانلىقى ۋە باشقىلار.

**5. تەبىئىي جۇغراپىيىلىك گەۋدىلەرنىڭ نامى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

بۇ خىلدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ھازىرغىچە خاتىرىگە ئېلىنغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئىچىدە خېلى سالماقنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «يۇرۇڭقاش» ۋە «قاراقاش» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا تونۇشمۇشۇناسلار بۇ سۆزلەمنىڭ مەنىسىنى — «يۇرۇڭ»نى «ئاق»، «قاش» نى «قاشتېشى» دەپ؛ «قارا» سۆزىنى «زور، بۈيۈك، چوڭ» ياكى قارا، ئاق، يېشىل رەڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «قارا» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقىرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىمۇ مۇشۇنداق ئىزاھلانغان. بىراق، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى پەقەت بۇ ئىككى دەريادىن چىقىدىغان ئاق قاشتېشى ياكى قارا قاشتېشى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولماي، بەلكى تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تۈزۈلۈش ـ جايلىشىشتىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرمۇ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىپ كەلمەكتە:

«قەدىمكى زاماندا ئىككى دەريا ياقىسىدىكى خەلقلەر تۇرمۇش مەئىشتى ئۈچۈن توختىماي شەھەرگە قاتنايدىكەن. كۈنگەي تەرەپتىن شەھەرگە ماڭغانلار ئەتىگەندە ئاپتاپنىڭ چېچىلىشى بىلەن يولغا چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پېشانە، يۈزلىرى كۆيمەي ئارقا تەرەپ دوقسى كۆيىدىكەن. كەچلەردە قايتىشىدا قۇياش تەسكەي تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەنىلا پېشانە ـ يۈزلىرى كۆيمەي داۋاملىق دوقسى كۈن نۇرىغا قاقلىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ قاش، يۈزلىرى قۇياشنىڭ تەسىرىگە يولۇقماي ئاق تۇرغانلىقى ئۈچۈن، شۇ ۋاقىتتىكى ‹ئاق› مەنىسىنى ئىسپاتلايدىغان ‹يۇرۇڭ› (يورۇق) سۆزى بىلەن بۇ كىشىلەر ‹يۇرۇڭقاشلار› ـ ‹يۇرۇڭقاشلىقلار› دەپ، ماكانلىرى بىلەن دەريا ۋە سۇلىرى ‹يۇرۇڭقاش› دەپ ئاتىلىپتۇ. تەسكەي تەرەپتىن شەھەرگە ماڭغان كىشىلەر ئەتىگەندە ئاپتاپنىڭ چېچىلىشى بىلەن يولغا چىققانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پېشانە، يۈزى كۆيۈپ، ئارقا دوقسى كۆيمەيدىكەن. كەچلىرى قايتىشىدا قۇياش تەسكەي تەرەپكە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يەنىلا پېشانە، يۈزلىرى كۈن نۇرىدا كۆيۈپ، ئارقا تەرەپ دوقسى كۆيمەيدىكەن. بۇلارنىڭ قاش، يۈزلىرى قۇياش نۇرىنىڭ تەسىرىگە يولۇقۇپ قارا بولغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ كىشىلەر ‹قاراقاشلار› ـ ‹قاراقاشلىقلار› دەپ، ماكانلىرى بىلەن دەريا ۋە سۇلىرى ‹قاراقاش› دەپ ئاتىلىپتۇ»، دېيىلىدۇ.

**6. مەلۇم يەر نامىنىڭ تارىخىي شەخسلەرگە باغلىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

قەدىمكى خوتەن ئۇرۇش ـ يېغىلىقلار، پاراكەندىچىلىكلەر ئەڭ كۆپ يۈز بەرگەن جايلارنىڭ بىرى. ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرغان دىنىي ئېتىقاد، پادىشاھ، سۇلالىلەرنىڭ زېمىن كېڭەيمىچىلىكى، ئىچكى نىزا ـ جاڭجاللار تۈپەيلىدىن بۇ زېمىنغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان سەركەردە ـ سانغۇنلار ئۆزلىرىنىڭ نامى ـ ئەمالىنى يەر ناملىرى ئارقىلىقمۇ قالدۇرۇپ قويۇشقان. شۇنداقلا بۇ جايدا ئەجدادلار ئىچىدىن چىققان باتۇر ئەزىمەتلەرنىڭ ناملىرىمۇ جەڭنامە ـ قىسسىلەردىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئارقىلىق يەر نامى بولۇپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن:

«ئافراسىياپ پەرزەنت يۈزى كۆرەلمەي پەرىشان يۈرگەندە، ۋەزىرلىرى: خەلق ئۈستىدىكى ئالۋاننى قىسقارتىپ، ئاجىز ـ مىسكىنلەرگە ئاسايىشلىق بېرىلسە، مەبۇد پەرزەنت ئاتا قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ئافراسىياپقا مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئافراسىياپ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە ئافراسىياپنىڭ خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ، بىر قىز تۇغۇپتۇ. بۇ

قىزنىڭ بەختىنى كۆرۈپ قىزىغا «خوتەن» دەپ ئات قويۇپتۇ. «خوتەن» ئافراسىياپ دەۋرىدە «چىرايلىق» دېگەن سۆز ئىكەن. ئافراسىياپ قىزىم ئۈچۈن: يىلان ـ چايانىدىن، يەر تەۋرەشتىن، سۇ ئاپىتىدىن، قاتتىق سوغۇق ۋە قاتتىق ئىسسىقتىن خالىي بىر شەھەر بەرپا قىلىڭلار، دەپ پەرمان قىلىپتۇ. پەرماندارلار شۇ تەلەپ بويىچە يەر يۈزىنى كېزىپ، خوتەننى مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن خوتەن بىنا قىلىنىپتۇ» دېگەن رىۋايەتتىمۇ خوتەننىڭ نامى تارىخىي شەخس ئافراسىياپقا باغلىنىدۇ.

**7. مەلۇم يەر نامىنىڭ تارىخىي ۋەقەلەرگە ئاساسەن قويۇلغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

بۇ خىلدىكى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولۇپ، خېلى كۆپلىرىدە خوتەندە بۇددىزمنىڭ گۈللەپ ياشنىغان مەزگىللىرى ۋە زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشى، ئىسلام دىنىنىڭ ئومۇملىششش مەزگىلىدىكى دىنىي ئۇرۇشلار ئەكس ئەتكەن. بۇ خىل مەزمۇندىكى بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مىلادىيە 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن تارتىپ تارقىلىشقا باشلىغان مازار ـ ماشايىقلار تەزكىرىلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان «ئاقسىپىل قەدىمكى شەھىرى» (بۇ خارابە لوپ ناھىيە بازىرىنىڭ شىمالىدىن 17 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قۇملۇققا جايلاشقان) ھەققىدىكى «خوتەن ئاقسىپىل رىۋايىتى» دە مۇنداق دەپ بايان قىلىنىدۇ.

«ئاسۇكاخان قاتتىق غەزەپلىنىپ ۋەزىرىنى ئەۋەتىپ، شاھزادىنى سۈرگۈن قىپتۇ. ئۇ قوۋملىرىنى باشلاپ شىمالدىكى تاغدىن ئۆتۈپتۇ. چۆل ـ جەزىرىلەردە قونۇپتۇ. ئادەم ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ بۇ ماكانىنىڭ غەربىدىكى قىرغاققا كەپتۇ. تۆرىلەرنى تىكلەپتۇ. ئۆزى خان بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا شەرقىي ئەل شاھزادىسى قاچاقلارنى ئەيىبلەش ئۈچۈن شەرقتىكى قىرغاققا كېلىپ ماكانلىشىپتۇ. قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۆزىنى خان دەپ جاكارلاپتۇ. ئايلار، پەسىللەر ئۆتۈپتۇ. دىن ۋە ئۆرپ ـ ئادەت جەھەتلەردە بۇ ئىككى شاھزادە چىقىشالماپتۇ. ئۇلار ھەمىشە يەر ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا چاتقاللىقلاردا ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزئارا جەمەتلىرىنى سۈرۈشتە قىلىشىدىكەن. خوجايىنلىق تالىشىپ، گەپ ـ سۆز تەگىشىدىكەن، بىر ـ بىرىگە قورال تەڭلىشىدىكەن... شۇنداق قىلىپ سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جەڭ باشلىنىپتۇ. نەتىجىدە غەرب خانى يېڭىلىپ، شەرق خانى غەلبە قىپتۇ. غەرب خانى ئۆز ئېلىدىن مەغلۇپ بولغانلارنى يەنە توپلاپتۇ، پايتەختىنى ئوتتۇرا رايونغا كۆچۈرۈپ سىپىل بىنا قىپتۇ ۋە دۆلەت قۇرۇپتۇ. خان پايتەخت قىلغان بۇ شەھەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ ‹ئاقسىپىل شەھىرى› دەپ ئاتىلىپتۇ».

گەرچە بۇ ئەپسانىدىكى ئىككى شاھزادىنىڭ نامى، جەڭدە يېڭىپ چىققان شەرق خانىنىڭ كىم ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بولمىسىمۇ، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ ئىسپاتلىشى ئارقىلىق «خوتەن ئاقسىپىل شەھىرى» نىڭ ئۇدۇن پادىشاھلىقىنىڭ شەرقىي ئاستانىسى ئىكەنلىكى، سىپىل تېمىدىكى يېزىقلاردىن بۇ شەھەر خارابىسى بۈنىڭدىن تەخمىنەن 2300 يىللار بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ.

ئۈنىڭدىن باشقا ھازىرقى كېرىيە ناھىيىسى ئارال يېزا «يەتتە قىزىل كەنتى» (بۇ كەنتنىڭ نامى 20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىغىچە «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن) نىڭ نامى قىلىنغان «يەتتە قىزلىرىم رىۋايىتى»دىمۇ، بىر ئائىلىلىك يەتتە قىزنىڭ يۇرتىغا دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەندە، يۇرتداشلىرى بىلەن بىرلىكتە قوراللىق جەڭ قىلىپ باتۇرلارچە قۇربان بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ جەسىتىنى دەپنە قىلغان گۈمبەزلىك مازارنى «يەتتە قىزلىرىم مازىرى» دەپ ئاتىغانلىقى، كېيىنچە بۇ مەھەللىنىمۇ «يەتتە قىزلىرىم» دەپ ئاتىغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

**8. ئېتىقاد، ئۆرپ ـ ئادەت بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

قەدىمكى خوتەندە ياشىغان ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ چوقۇنۇشلىرى، شامانىزم، نېستۇرى دىنى، بۇددا دىنى ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادى ئوخشاشلا يەر نامى قىلىنغان بىر قىسىم ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە ئىپادىلىنىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. مەسىلەن، «بۇدا» دېگەن يەر نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدىكى: «ئىسلام قوشۇنلىرى ئودۇن بۇددىستلىرى بىلەن جەڭ قىلغان يىللاردا، بۇددا دىنىدىن ۋاز كېچىشنى خالىمىغان بىر نەچچە ئائىلىلىك كىشى يۇرتىدىن ئايرىلىپ ھازىرقى قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزىسى ھالۇكۆل كەنتىدىكى بۇ جايغا كۆچۈپ كەپتۇ. نەچچە ئون يىلدىن كېيىن بۇ كىشىلەر قوشنا كەنتتىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مازارغا، مەسچىتكە بىللە بارغان بولسىمۇ، كېچىلىرى بۇتقا چوقۇنۇشىنى داۋاملاشتۇرغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ توغراقلىق ئارىسىدىكى كىچىك مەھەللىسى ‹بۇددا› دەپ ئاتىلىپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ‹بۇدا› غا ئۆزگىرىپ قاپتۇ»، دېيىلسە؛ بۈگۈنگىچە پۈتكۈل ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا خوتەنلىكلەرنى «بىرنى بىر دەيدۇ»، «جاھىل» دەپ ئاتايدىغان ۋە «بىرنى بىر دېيىش» گويا خوتەننىڭ ئىككىنچى نامىدەك تۇيغۇ بېرىدىغان «بىرنى بىر دېگۈلۈك» دېگەن رىۋايەتتىنمۇ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەيسەر، مەردانە خاراكتېرىنى، ئۆزلۈك ـ كىملىكىدىكى ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە پاك خىسلەتلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

**9. تەبىئەت ھادىسىلىرى، ھايۋاناتلار ۋە جانىۋارلار بىلەن باغلىنىشلىق بولغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

بۇ جەھەتتە خوتەنلىكلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان «ئۇلۇغ ئاتا رىۋايىتى» ئالاھىدە خاراكتېرلىك بولۇپ، ئۇنىڭدا قاراقاش دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى يۇرتلار ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىغاندا يۇرتنىڭ يېشى سەكسەندىن ئاشقان ئاقساقىلىنىڭ (يەنى كىشىلەر تەرىپىدىن «ئۇلۇغ ئاتا» دەپ ئاتىلىدىغان كىشىنىڭ) بىر قانچە كىشىنى باشلاپ، دەريا ئېقىنىنىڭ بېشىدىكى تاغقا بارغاندا غايەت زور بىر يىلاننىڭ دەريا سۈيىنى توسۇپ يېتىۋالغانلىقىنى كۆرگەنلىكى، «ئۇلۇغ ئاتا» يىلانغا سۇنى توسۇۋالماسلىق، ئەگەر ئورنىدىن يۆتكەلمىسە، ئۇنى قىيما ـ چىيما قىلىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ. رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا يىلان ھېلىقى مويسىپىتنى دەرياغا چۈشۈپ ئېقىندا ئۆلۈشكە رازى بولسا، ئورنىدىن يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، مويسىپىت يۇرتنى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، ھېچ ئىككىلەنمەي دەرياغا چۈشكەنلىكى ۋە بىر قانچە ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلۇغ ئېقىندا ئېقىپ جىنىدىن جۇدا بولغانلىقى، كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى ئاياغ ئېقىنىدىكى لايدىن تېپىپ، ۋەسىيىتى بويىچە ئېگىز تاغنىڭ باغرىغا دەپنە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ ھەمدە شۇ ئەتراپتىكى تاغ ـ جىلغىلار مويسىپىتنىڭ نامى بىلەن «ئۇلۇغ ئاتا تېغى» دەپ ئاتالغان، دېيىلىدۇ.

يەر ناملىرى بىۋاستە تىلغا ئېلىنغان يۇقىرىقىدەك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردە شۇ نامنىڭ قويۇلۇشىنىڭ سەۋەبى كۆرسىتىلىپلا قالماي، ئەجدادلارنىڭ يۇرتقا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنىش يولىدىكى كۈرەش ـ مېھنەتلىرى مەدھىيىلىنىدۇ.

**10. چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت، سودا ـ تىجارەتكە باغلىنىشلىق بولغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر**

مەلۇمكى، خوتەن ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت تارىخىي بەكمۇ قەدىمىي يۇرتلارنىڭ بىرى. يىراق قەدىمكى دەۋردە بۇ زېمىندا دەريا، كۆللەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئوت ـ چۆپلىرى قويۇق، دەل ـ دەرەخلىرى بۈك ـ باراقسان، مۇھىتى گۈزەل ئىدى. ئۇ دەۋرلەردە تەكلىماكان قۇملۇقى ھازىرقىدىن كىچىك، تارىم ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى بوستانلىقلار ھازىرقىدىن چوڭ ئىدى. «قاشتېشى يولى» نىڭ شەكىللىنىش تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ «12 مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا كۆركەم، گۈزەل خوتەن قاشتېشى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە توشۇلۇشقا باشلىغان». يىپەك يولى» مىلادىدىن ئىلگىرىكى VI ـ ئەسىردىن V ـ ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا گۈللەنگەن. مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV ـ ئەسىرگە كەلگەندە بوستانلىق «يىپەك يولى» ئاساسىي يولغا ئايلانغان. شۇنداق ئىكەن، بۇ زېمىندا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلىپ، نەپىس قول ھۈنەر ـ سەنئىتى گۈللەنگەن. بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار، قىممەتلىك ئاسارە ـ ئەتىقىلەر، تارىخىي يازمىلار بىلەن بىرلىكتە، ئاجايىپ ـ غارايىپ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەردىن «چىن ۋە ماچىن ئەپسانىسى»، «خوتەن قاشتېشى ئەپسانىسى»، «تەكلىماكان ئەپسانىسى»، «خوتەن گىلىمى ئەپسانىسى»، «ياڭاق رىۋايىتى»، «پىلە قۇرتى ۋە يىپەك رىۋايىتى»، «جىيا رىۋايىتى»، «ئويتوغراق رىۋايىتى»، «تەۋەككۇل ۋە ئىسلامئاۋات رىۋايىتى» قاتارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۆزىدە يەر جاي نامىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەنلا ئەمەس، يىراق قەدىمكى دەۋر ۋە قەدىمكى دەۋردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەر ـ سەنئەت، سودا ـ تىجارەت ئۇچۇرلىرىنى ساقلاپ كەلگەنلىكى بىلەنمۇ تارىخىي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

**11. قوۋم ـ قەبىلىلەرنىڭ كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى، كۆچۈشى مۇناسىۋىتى بىلەن قويۇلغان يەر ناملىرى توغرىسىدىكى ئەپسانە رىۋايەتلەر**

تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، خوتەندە يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىن ئوتتۇرا قەدىمكى دەۋرلەرگە قەدەر ساك، چان، خەنزۇ، سوغدى، ھون، توخرى، تۇيغۇن، ئېفتالىت، تۈرك، تۈبۈت، ئۇيغۇر، موڭغۇل قاتارلىق قەبىلىلەر ياكى مىللەتلەر ياشاپ ئاۋۇپ، خوتەننىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى ياراتقان بولۇپ، مول فولكلور بايلىقى ئىچىدە ئەنە شۇ قەبىلە ـ قوۋملارنىڭ بۇ زېمىنغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىشى ياكى كۆچۈشكە ئائىت ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئۆزىدە يەر نامىنىڭ ساقلىنىپ كەلگەنلىكى بىلەن، ئىتنىك مەنبە بولالايدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى قاراقاش ناھىيىسى ئۈرچى يېزىسىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىدە «مىللەت ئېرىق كەنتى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر يۇرت بولۇپ، بۇ نامنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بايان قىلىنىدۇ:

«دېھقانلار ئېرىق چېپىۋېتىپ كۆمۈلۈپ قالغان ياغاچ قوغاچنى ئۇچرىتىپتۇ. بىر نەچچەيلەن قوغاچنى كۆتۈرگەنىكەن، قوغاچنىڭ ئۈستۈنكى يېرىمى ئاجرىلىپ چىقىپتۇ. ئاستىنقى يېرىمىدا بىر جەسەتنىڭ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، كىشىلەر چۆچۈپ كېتىشىپتۇ. جەسەت كىگىز قالپاق، يۇڭ توقۇلمىدىن تون كىيگەن بىر ئەر كىشىنىڭ ئىكەن. ئۇنىڭ يېنىدا قىلىچ، ئوقيا، كۈمۈش جام بار ئىكەن (ياشانغانلارنىڭ ئېيتىشىچە بۇرۇنقى زامانلاردا بۇ يەردە قانلىق جەڭ بولغانىكەن). كىشىلەر بۇ جەسەتكە قاراپ:

ـ بۇ بىزنىڭ مىللىتىمىز ئەمەسكەن.

ـ باشقا مىللەتنىڭ ئادىمى ئىكەن، قايسى مىللەتنىڭ بولغىيدى؟ ـ دېيىشىپتۇ. ۋاقت ئۆتكەنسېرى:
ـ بىزنىڭ ئېتىزىمىزغا مىللەت ئېرىقىدىن سۇ كېلىدۇ.
ـ مىللەت ئېرىقىنىڭ قېشىنى ئېگىزلەيدىغان بولدۇق.
ـ مىللەت ئېرىقىنىڭ بويىغا جىرىم سالىمىز، ـ دېگەندەك گەپلەر بىلەن ‹مىللەت ئېرىق›دېگەن ئاتالغۇ كىشىلەرنىڭ تىلىغا ئۆزلىشىپ قاپتۇ».

بۇ رىۋايەتتىن باشقا يەنە «سانجۇ»، «دۇۋا»، «هاڭگىيا»، «پولۇ»، «تۇۋەت» قاتارلىق يەرناملىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر، بۇ زېمىنغا كۆچۈپ كەلگەنلەر ياكى كۆچۈپ كەتكەنلەرنىڭ نامىغا، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىغا باغلانغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە خوتەننىڭ ئالاھىدە يەرلىك مەھسۇلاتلىرى؛ ئۆزگىچە سەيلىگاھ، باراۋەت نۇقتىلىرى، ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلەر، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك مەدەنىيىتى؛ يەرلىك چالغۇ ـ ئەسۋابلارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئارقىلىقمۇ مەلۇم دائىرىنىڭ تۇپرىقى، ئىقلىمى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئەھۋاللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، بارلىق ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، جۈملىدىن خوتەن يەر ناملىرىغا مۇناسىۋەتلىك يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىكى ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرگە قارىتا بەزى كىشىلەرنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە، بۇ ئەپسانە ـ رىۋايەتلەرنى «ئاساسسىز گەپ»، «يالغان ياۋىداق ئويدۇرما» دەپ قاراشقا بولمايدۇ. خۇددى ئىنگلىز ئەدىبى چېستېرتون: «ئەپسانە ـ ھەر قانداق دەلىللەردىنمۇ تارىخراقتۇر. دەلىل يالغۇز بىر ئادەم ھەققىدە سۆز ماڭدۇرسا ياكى ئۇ ئادەملەر قاتناشقان ۋەقە ھەققىدە مەلۇمات بەرسە، ئەپسانە يۈزلىگەن ـ مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدىكى ۋەقەلەرنى مەيدانغا چىقارغان ئادەملەر توغرىسىدا ھېكايە قىلىدۇ. دەلىللەر بەزى چاغلاردا زامانلارنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆز ماھىيەتلىرىنى ۋە ئۆز رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ بېرىشى مۇمكىن. ئەمما ئەپسانە ئەبەدىي ئۆزگەرمەس ھەقىقەت بويىچە تۇرىدۇ. تارىخ پەقەت خەلق خاتىرىلىرىنىڭ بەلگىسى بولغان ئەسساتىرلەر (ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر) نىڭ ياردىمىدىكى ئۆتكەن ماھىيىتىنى، يەنى ئۇنىڭ يۈرىكىنى كەشىپ ئېتىۋالىدۇ. خاتىرىسىز ئىنسان يۈرىكى بولسا قۇرۇق ھۆججەتلەر يىغىندىسىدىن پەرق قىلمايدۇ (خۇرشىد دەۋران «ساھىبقىراننىڭ نەۋرىسى» ناملىق ئەسىرىدىن نەقىل)»، دەپ كۆرسەتكىنىدەك، ئۇلار چوڭقۇر رېئال ئاساس ۋە ئىدىيۋى ئاساسقا ئىگە. بەزىلىرىنى شەكلى ئۆزگەرگەن فانتازىيە دېگەنىدىمۇ (مەسىلەن «پەرھاد ئۆستىڭى ئەپسانىسى»غا ئوخشاش)، ئۇنىڭ تەگ ـ يىلتىزى يەنىلا قەدىمكى خوتەن دىيارىدۇر. شۇڭا خوتەن يەر ناملىرىنىڭ تارىخىي مەنبەلەردە كۆرستىلىپ، ھازىر ئىستېمالدىن قالغىنى بولسۇن ياكى 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىكى بىر قېتىملىق يەر ناملىرىنى ئېنىقلاش ـ بېكىتىش داۋامىدا مۇقىملىنىپ ھازىرغىچە شۇنداق ئاتاپ كېلىۋاتقانلىرىدا بولسۇن، ئۇلاردا ئەپسانە ـ رىۋايەت ئاملى قويۇق. ئاشۇ ناملارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە مۇناسىۋەتلىك ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر ئاساس بولغان دەپ ئېيتالايمىز.

ئىزاھات ۋە پايدىلانمىلار:

بۇ ماقالىدە قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىپ ئەسلىي تېكىستى بويىچە بېرىلگەن ياكى نامى ئاتالغان، مەزمۇنى سۆزلەنگەن ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر مۇئەللىپ تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» ناملىق يۈرۈشلۈك كىتابلارنىڭ «ئەپسانە ـ رىۋايەتلەر، چۆچەكلەر (تاللانما)» تومىنىڭ 14 ـ، 162 ـ، 163 ـ، 15 ـ، 17 ـ، 44 ـ، 94 ـ، 64 ـ، 128 ـ، 145 ـ، 152 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى. ئەسلىي مەنبە ئاشۇ تومدا كۆرسىتىلگەچكە، ماقالىدە ئەسكەرتىلمىدى.


1. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
2. «گۆھەر زېمىن ـ خوتەن» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
3. ئابدۇللا سۇلايمان تۈزگەن: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار ـ يەر ناملىرى» شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006 ـ يىل 5 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
4. ئوسمان ئىسمايىل: «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998 ـ يىل 1 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.
5. سۇڭ جاۋلىن: «مىللىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ھەققىدە» مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى 1997 ـ يىل 4 ـ ئاي نەشرى 11 ـ بەت.
6. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 5 ـ بەت.
7. «گۆھەر زېمىن ـ خوتەن» شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت، فوتو ـ سۈرەت نەشرىياتى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي نەشرى، 1 ـ بەت.
8. «خوتەننىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005 ـ يىل 10 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى، 596 ـ بەت.


**(بۇ ماقالە خوتەن پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومى پەن تەتقىقات فوندى تۈرى «خوتەنلىكلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى» تېمىسىنىڭ باسقۇچلۇق نەتىجىلىرىنىڭ بىرى. تەستىق نومۇرى: (1076508038**

تەھرىرلىگۈچى: **ئابدۇرېھىم زۇنۇن**